# شى جىنپىڭ خې يىچېڭ بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ خې يىچېڭنىڭ چوڭ ۋەزىيەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سېلىپ، ئاۋمېننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئېھتىياجىنى توغرا ئىگىلەپ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلۇق يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ماسلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئۆزگىرىش ياساپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئاۋمېننىڭ يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتىنى ئەستايىدىل پىلانلاپ، «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش»نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى داۋاملىق يېزىشىنى ئۈمىد قىلدى!

خې يىچېڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىنى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك باش مەمۇرلۇقىغا تەيىنلىگەنلىكىدىن چوڭقۇر شەرەپ ھېس قىلدى، رەئىس شى جىنپىڭ ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش» فاڭجېنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇنىنىڭ نوپۇزىنى ياخشى قوغداپ، مەركەز بىلەن ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ياخشى مۇناسىۋىتىنى ياخشى قوغداپ، مەركەزنىڭ ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى ياخشى قوغداپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىيات مەنپەئەتىنى ياخشى قوغداپ، «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش»نىڭ ئاۋمېندىكى ئەمەلىيىتىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا ئىرادە باغلىدى.

خەن جېڭ، دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، يوۋ چۈەن، ۋاڭ يى، جاۋ كېجى قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

پانۇئېلو تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مېكرونېزىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتى تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا ئورنىتىلغان. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 30 يىلدىن بۇيان، مېكرونېزىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. مېكرونېزىيە تەرەپ بىر جۇڭگو سىياسىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ، «بىر بەلۋاغ، بىر يول» ئۇلۇغ تەشەببۇسىنى قوللايدۇ، مېكرونېزىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامغا كۆتۈرۈلۈشىگە چىن كۆڭلۈمدىن تىلەكداشمەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

پاك، دۇرۇس بولۇش مۇداپىئە سېپى مۇستەھكەملىنىپ، سىياسىي ئېكولوگىيەدە يېڭى كەيپىيات نامايان بولدى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىق، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى تولۇق ئۆرنەك قىلىپ، تەتبىقلاپ، نىشان - ۋەزىپە، ئاساسىي پرىنسىپ، ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەت مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىشى كېرەك. دىققەتنى ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چۆرىدەپ، ئەينەن ئۆگىنىش، قايتا - قايتا چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيە ئارقىلىق ئەسلى مەقسەتنى ئۇزۇقلاندۇرۇش، نەزەرىيە ئارقىلىق بۇرچنى يېتەكلەش كېرەك. چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. مەسىلىگە ئاتلىنىپ، مەسىلىنى قوغلىشىپ مېڭىپ، ھەم پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئۆزىدە ساقلانغان مەسىلىلەر، بولۇپمۇ ئىدىيەدىكى نېگىزلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىش، ھەم ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە تەسىر يەتكۈزىدىغان چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرنى، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىش كېرەك. مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئالدىن ئۆگىنىپ ئالدىن تۈزىتىپ، بىلگەن ھامان تۈزىتىپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش - تەربىيەسىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئاشكارا تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئاممىنىڭ قاتنىشىشىنى كېڭەيتىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاممىنى باھالاشقا تەكلىپ قىلىپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى سىناش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. باش تېما تەربىيەسىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا ئۇرغۇپ چىققان خىزمەت قىزغىنلىقى ۋە كۈرەش روھىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى تىرىشىپ پۈتۈشنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى كۈچلۈك، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك، ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)لىك، ناھىيە(شەھەر، رايون)لىك پارتكوملار سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، ھەم ئۆزىنى ياخشى تۇتۇشى، ھەم ئاساسىي قاتلامنى ياخشى تۇتۇشى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ شۇجىلىرى باش تېما تەربىيەسىدىكى بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك. نازارەتچىلىك، يېتەكچىلىكنى پۇختا تۇتۇپ، پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق، پۇختا بولۇپ، مەسىلىنى ۋاقتىدا بايقاپ ۋە ھەل قىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، سۈپەتكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تۈرگە ئايرىپ ئالغا سىلجىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئوخشاش بولمىغان قاتلام - دەرىجە، ئوخشاش بولمىغان ساھە، ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىتا، تەشكىللەش، يېتەكچىلىك قىلىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك. قويۇق كەيپىيات يارىتىپ، ئىجابىي تەشۋىقات ۋە ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ئاكتىپ كۈچ توپلاش، ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك. شەكلۋازلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ۋاقىت قوغلىشىش، سۈرئەت قوغلىشىش، يۈزەكى ئىش قىلىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك. باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ دەپ بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئۇۋياڭ سۇڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلىپى بويىچە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، نەزەرىيەدە قوراللىنىشنى قەتئىي بوشاشماي يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى سىجىل چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ ئىشنى ياخشى باشلاپ، ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى، بولۇپمۇ مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، سىستېمىلىق رەتلەپ، تىزىملىككە توغرىلاپ ئېنىقلاپ، يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىپ، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ تۈزىتىپ، ئىز قوغلاپ ئۈنۈمنى سۈرۈشتۈرۈپ، قايتا باش كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈم ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش كېرەك؛ ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى مەڭگۈلۈك تېما، ئۆمۈرلۈك تېما قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى خۇلاسىلەپ، تەتبىقلاپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق باشقۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ئۇۋياڭ سۇڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، تەتبىقلاپ، 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك. دىققەتنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ۋەزىپىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش»تىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىي تەلەپنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق ئوبيېكتلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، پۈتكۈل باش تېما تەربىيەسىنى ئورگاننىڭ جىپسىلاشتۇرۇش، سىجىل ئالغا سىلجىتىش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىرى، مەركەز 6 - سەييارە نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىدىكى ئالاقىدار يولداشلار، ئاپتونوم رايون(مەركەز)غا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەرقايسى كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ھەرقايسى خىزمەت گۇرۇپپىلىرىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق باش تېما تەربىيەسى سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىرى، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى. ھەرقايسى ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە(شەھەر، رايون) ھەمدە ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار شۆبە يىغىن مەيدانلىرىدا يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. بۇ مۇساپە ئەزەلدىن ئوڭۇشلۇق بولمىغان، لېكىن مەيلى تاشقى ۋەزىيەت قانداق ئۆزگەرسۇن، جۇڭگو قەتئىي تەۋرەنمەي، باشقىچە خىياللاردا بولماي ئۆزىنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. بىزنىڭ ھەرخىل خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشقا تامامەن قۇربىمىز يېتىدۇ، ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەت، خەتەرلىك توسالغۇ بىزنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىمىزنى توسۇپ قالالمايدۇ. مۇقىم، ئېچىۋېتىلگەن، گۈللەنگەن جۇڭگو باشتىن - ئاخىر دۇنيانىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدىكى پۇرسەت بولىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو - قازاقىستان مۇناسىۋىتى ئىناق قوشنىدارچىلىق - دوستلۇقنىڭ ئۈلگىسى. جۇڭگو تەرەپ قازاقىستان تەرەپ بىلەن ھەرتەرەپلىمە ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنى ئورتاق قۇرۇشنى «نۇرلۇق يول» يېڭى ئىقتىساد سىياسىتى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو - قازاقىستان قۇرۇقلۇق، دېڭىز بىرلەشمە ترانسپورت چوڭ يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھەمكارلىقنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، ئادەمىيەت ئالاقىسى ۋە يەرلىكنىڭ ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو - قازاقىستان بايرىقى روشەن ھالدا كۆپ تەرەپچىللىك ۋە ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادىنى قوغداپ، تېخىمۇ ئادىل، ھەققانىي، مۇۋاپىق يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشى كېرەك. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ رايون ۋە خەلقئارا ئىشلاردا تېخىمۇ زور ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئورتاق، ئومۇمىيۈزلۈك، ھەمكارلىق، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشتىن ئىبارەت يېڭى خەۋپسىزلىك قارىشىنى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، خەۋپسىزلىك ھەمكارلىقنى زورايتىپ، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەربە بېرىپ، قول تۇتۇشۇپ خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك.

توقايېۋ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. توقايېۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېڭى جۇڭگو قالتىس مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، شانلىق تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگو خەلقىگە بەخت يارىتىپلا قالماي، يەنە دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى. جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشى قازاقىستان قاتارلىق ھەرقايسى دۆلەتلەرگە پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. قازاقىستان تەرەپ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغدىشىنى قەتئىي قوللايدۇ. قازاقىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن مەڭگۈلۈك ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى پۇرسەت بىلىپ، قازاقىستان - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. قازاقىستان تەرەپ ئالتە يىل ئىلگىرى سىزنىڭ قازاقىستاندا «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى»نى ئورتاق قۇرۇش ئۇلۇغ تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىڭىزدىن ناھايىتى شەرەپ ھېس قىلىدۇ، بۇ، رايون ھەتتا دۇنيانىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. قازاقىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن يۇقىرى قاتلام ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» رامكىسىدا ئىقتىساد - سودا، ئۇل ئەسلىھە، ئېنېرگىيە، 5G، پەن - تېخنىكا، ئادەمىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئىككى تەرەپ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنى رامكىسى ئىچىدە پىكىرلىشىش، ھەمكارلىشىشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەربە بېرىپ، رايون خەۋپسىزلىكىنى قوغداپ، سىرتنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇشى كېرەك.

سۆھبەتتىن كېيىن، شى جىنپىڭ توقايېۋ بىلەن بىرلىكتە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوشما باياناتى»نى ئىمزالىدى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى يەنە كۆپ تۈردىكى ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق كېلىشىملىرىنىڭ ئىمزالىنىشىغا گۇۋاھ بولدى.

سۆھبەتتىن ئىلگىرى، شى جىنپىڭ خەلق سارىيىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى مەيداندا توقايېۋ ئۈچۈن قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ياڭ جيېچى، شېن يۆيۆ، ۋاڭ يى، شيا باۋلۇڭ، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار دىققەتنى باش تېما، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشتا يېڭى يۈكسىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى، كۈچلۈك پارتىيەۋىلىكنى تاۋلاپ، ئىدىيەۋى مەنزىلدە يېڭى يۈكسىلىشكە ئېرىشتى، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى، خەلققە بولغان مۇھەببىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتا يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىشى ۋە كېڭەيتىشى، 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى پىلانلىشى، ياخشى تەشكىللىشى كېرەك.

2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشتا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، «ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش»تىن ئىبارەت ئومۇمىي تەلەپنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى تۇتۇش جايىدا بولۇش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش جايىدا بولۇش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش جايىدا بولۇش، تەشكىلىي رەھبەرلىك جايىدا بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى تولۇق ئۆرنەك قىلىپ، تەتبىقلاپ، ئۆزلۈك - كېسەل ئۆزى ئۆستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى ئارقىلىق ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچقا زىت ھەرخىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ھاسىلات بولۇش، ئىدىيەۋى - سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىش، ئىش قىلىش - نەتىجە يارىتىشتا مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، پاك - دۇرۇس بولۇپ ئۈلگە بولۇش نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشتا، دىققەتنى ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، ئاشكارا تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇش، بولۇپمۇ ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئۆگىنىش - تەربىيەنى ياخشى تۇتۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈشكە، پۇختا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىلمىي نەزەرىيەدىن پايدىلىنىپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا چۈشىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش جەريانىدا مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى تېپىش كېرەك؛ مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، ھەقىقىي ھالدا مەسىلىنى دەل تېپىش، ئەمەلىي تېپىش، مەنبەسىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش كېرەك؛ تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، «ئۆزگەرتىش»نى باشتىن - ئاخىرغا سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، ئەمەلىي ئۆزگەرتىپ، بىلگەن ھامان ئۆزگەرتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىش، ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق ئۆزگەرتىش كېرەك.

ئەسلى مەقسەت ئۇيۇل تاشتەك چىڭ، بۇرچ زىممىمىزدە. 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ۋاقتى قىس، ۋەزىپىسى ئېغىر، تەلىپى يۇقىرى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)لار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىشى كېرەك؛ ھەرقايسى يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ھەيدەكچىلىك - يېتەكچىلىكنى چىڭ، پۇختا كۈچەيتىشى كېرەك؛ ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، دەرىجە - تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ ئىجابىي تەشۋىقات ۋە ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، قويۇق كەيپىيات يارىتىش كېرەك؛ شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىشنى قاتتىق ۋەزىپە قىلىپ، ۋاقىت قوغلىشىش، سۈرئەت قوغلىشىش، يۈزەكى ئىش قىلىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.